# 26991 - ھېيت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار توغرىسىدا

## سوئال

ھېيت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھېيت كۈنىدە ياكى ھېيت نامىزىدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئايرىم ئوقۇلىدىغان بىرەر دۇئانىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بىلمەيمىز، لېكىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىككى ھېيت كۈنى كېچىدە، روزا ھېيت كۈنىدە ئىمام ھېيتنىڭ خۇتبىسىنى ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر، قۇربان ھېيتتا ئەراپات كۈنىدىن باشلاپ تەشرىق كۈنلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر تەكبىر، تەسبىھ، تەھلىل ۋە ھەمدۇلىلارنى ئېيتىشنى يولغا قويغان، شۇنداقلا زۇل ھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدىمۇ تەكبىر ئېيتىش يولغا قويۇلغان، روزا ھېيت كۈنى تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ تەرجىمىسى:«سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ» [سۈرە بەقەرە 185-ئايەت].

بۇ توغرىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن .

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.